# تەۋھىد كەلىمىسىنى يەتمىش

# مىڭ قېتىم زىكىر قىلىش

[ئۇيغۇرچە]

ذكر كلمة التوحيد سبعين ألف مرة

**[باللغة الأويغورية]**


مۇپتى :مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

**المفتي:محمد صالح المنجد**

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد يۇسۇپ

**المترجم: محمد يوسف**

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

**المراجعة: ن. تمكيني**



**رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى**

**المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض**

**1429 – 2008**

islamhouse.com

# تەۋھىد كەلىمىسىنى يەتمىش مىڭ قېتىم زىكىر قىلىش

## 107450 نومۇرلۇق سوئال

**سوئال:**

«لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ»دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى 70 مىڭ قېتىم ئوقۇسا پۈتۈن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنامدۇ؟

جاۋاب:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە«لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ»دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى 70 مىڭ قېتىم ئوقۇسا پۈتۈن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ دەپ كەلمىگەن. شۇڭا بۇ سۆزنى دىنغا ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ سۆز ھەدىستە ئەمەس، بەلكى ئىبنى ئەرەبىي دېگەن ئازغۇن كىشىنىڭ سۆزلىرىدە تېپىلىدۇ. ئۇ «ھېكمەتلەر»دېگەن كىتابىدا:« سىنىڭ«لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ»دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى 70 مىڭ قېتىم ئوقۇشۇڭنى بىلەن ئۆزۈڭنى شۇنىڭ دوزاخ ئوتىدىن ئازات قىلىشىڭنى تەۋسىيە قىلىمەن. بۇ ھەقتە ھەدىسمۇ كەلگەن.» دېگەن.

بىز بۇ تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ ئۇلۇغلىقىغا ۋە پەزىلىتىگە ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمىز. بۇ كەلىمە قىيامەت كۈنىدە دوزاخ قۇتۇلۇشىنىڭ ۋە

ياخشىلىق تارازىدا ئەمەللەرنىڭ ئېغىر كېلىشىنىڭ ۋاستىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« كىمكى ،«لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ»دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى چىن دىلىدىن بېرىلىپ ئوقۇيدىكەن، ئاللاھ دوزاخ ئوتىنى ئۇنىڭغا ھارام قىلىدۇ» دېگەن.(بۇخاري ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس).

بىزنىڭ ئىنكار قىلىدىغىنىمىز بۇ تەۋھىد كەلىمىسىنى مۇشۇ مەخسۇس سانغا بەلگىلىۋېلىش، بۇ سۆزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىشتۇر. شەيخ ئىبنى تەيمىيە « لائىلاھە «ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ»دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى 70مىڭ قېتىم ئوقۇپ ئۇنى مېيىتقا ئاتىسا، شۇ مېيىت دوزاختىن ئازات بولىدۇ»دېگەن سۆز ھەدىسمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ شۇنداق ئوقۇپ مېيىتقا ئاتىسا ساۋاب بولامدۇ؟ دېگەن سوئالغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن:« بۇ ھەدىس ئەمەس. تەۋھىد كەلىمىسىنى 70 مىڭ قېتىم ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ياكى ئاز قېتىم ئوقۇپ مېيىتقا ئاتىسا ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا پايدىسى بولىدۇ.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.